# قىلىدىغان ئىش بولۇش نامراتلىق يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلاش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋۇ ۋېي دائىم ئويلايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق تىرىشتى. ۋۇ ۋېي شىنجاڭ كۆمۈر كان بىخەتەرلىكى رېۋىزىيە ئىدارىسى ئورگان پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسى، 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كەنتكە كېلىپ 1 ـ شۇجى بولدى. «بىزنىڭ كەنتىمىز تاغ باغرىغا جايلاشقان، يېرى ئۈنۈمسىز، يېرىك يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاساسى ناھايىتى ئاجىز، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يول» دېدى ۋۇ ۋېي.

ئۇنىڭ كەنتكە كېلىپ بېجىرگەن بىرىنچى ئىشى نامرات ئائىلىلەرنى ئىشلەمچىلىك قىلىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش بولدى. شۇ چاغدا شۇنچە چوڭ دېھقانلار كەچلىك مەكتىپى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. ۋۇ ۋېي كۆپچىلىككە لېكسىيە سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ لېكسىيەسى كەنت ئاھالىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ قەلبىمۇ لەرزىگە كېلىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئاۋۋال ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئاسىنى تىزىملاتسا، ئۆزىنىڭ ئىش ئورنى تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھالبۇكى، يىغىن تارقىدى، كەنت ئاھالىلىرىمۇ قايتىپ بولدى، بىرمۇ ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئاسىنى تىزىملىغا ئالدۇرمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋۇ ۋېي كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى، چۈشەندۈردى، سەپەرۋەر قىلدى، غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىشكە ياردەم بەردى، بىر، ئىككى، ئۈچ... تەدرىجىي بەزى كەنت ئاھالىلىرى ھەرىكەتكە كەلدى، پۇل تاپتى، ئۇلار كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتىكى يېڭى كۈچكە ئايلاندى، ھەسەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن لېكسىيە سۆزلەشكە قاتناشتى.

«ھازىر ئىشلەمچىلىك پۇرسىتى بولسىلا، كەنت ئاھالىلىرى تالىشىپ تۇرۇپ بارىدۇ، بىزنىڭ يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر شەھىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان ۋە ئىگىلىك تىكلەۋاتقان كەنت ئاھالىلىرىمىز بار!» دېدى ۋۇ ۋېي.

### يانچۇق پۇلغا تولدى، كاللىمۇ ئېچىلدى

كەنت ئاھالىسى ھاشىخان ئوبۇلھەسەننىڭ ئۆيىدە، مۇخبىر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. «تۇرسۇننىسا دائىم پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ؛ توڭلاتقۇ، كىرئالغۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇ سېتىۋالغان؛ مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كەلدىم، ئۇ بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ...» تۇرسۇننىسا تۇرغۇن ھاشىخاننىڭ قىزى، شۇنداقلا كەنتتىكى «كۆزگە كۆرۈنگەن» شەخس.

2018 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ۋۇ ۋېي بۇ ئۆيگە زىيارەتكە كەلگەندە، تۇرسۇننىسا سۇپىدا ئولتۇراتتى، ئۈچىسىغا ئاپىسىنىڭ كونا پاختىلىق چاپىنىنى كىيىۋالغان بولۇپ، روھى چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. «ئۈرۈمچىدىكى بىر مېھمانخانا بىزنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، بېرىشنى خالامسىز؟» دەپ سورىدى ۋۇ ۋېي. تۇرسۇننىسا قورۇنغان ھالدا بېشىنى چايقىدى.

تۇرسۇننىسانىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، ئېتىزدىن كىرگەن كىرىمگە تايىنىپ جاپالىق كۈن ئۆتكۈزەتتى، ئۇ ئىلگىرى يېقىن ئەتراپتا پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىپ باققان بولسىمۇ، كىرىمى چەكلىك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇنداق يىراق جايغا بېرىشقا جۈرئىتى يوق ئىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، تۇرسۇننىسا ۋۇ ۋېيغا: «مەن بېرىپ سىناپ باقاي، بولمىسا قايتىپ كېلەرمەن» دېدى. بۇ جاۋاب ۋۇ ۋېينى ناھايىتى خۇشال قىلدى. ناھايىتى تېزلا، ئالتە كەنت ئاھالىسى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. 20 كۈندىن كېيىن ۋۇ ۋېي دەم ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتقاندا ئۇلارنى يوقلاپ باردى، تۇرسۇننىسا كۈتكۈچىلىك قىلىۋاتاتتى، چىرايلىق خىزمەت فورمىسى كىيگەن، مەڭزى قىزارغان بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئىش ئورنى ۋە يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋۇ ۋېي ھەر قېتىم قايتقاندا كۆپچىلىكنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، يەنە كىچىك سوۋغاتلارنى ئېلىپ باردى. «ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆزگىرىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، روھى بارغانسېرى كۆتۈرۈلدى، پۇتۇڭخۇانىمۇ بارغانسېرى ياخشى سۆزلەيدىغان بولدى». ۋۇ ۋېي كۆپچىلىكنىڭ ھالىتى ۋە خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتىنى قىسقا سىنغا ئېلىۋېلىپ، دېھقانلار كەچلىك مەكتىپىدىكى تېلېۋىزوردا قويۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قەلبىدە مەيىن دولقۇن قوزغىدى.

بۇلتۇر 6 ـ ئايدا، ۋۇ ۋېينىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، تۇرسۇننىسا ۋە يەنە بىر كەنت ئاھالىسى كەنتكە قايتىپ كېلىپ، كۆپچىلىككە ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئېرىشكەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. تۇرسۇننىسا مۇنداق دېدى: «ئەمگەكچان بولغاندىلا بېيىغىلى بولىدۇ، مەن بىر ئايدا 3000 ـ 4000 يۈەن تاپالايمەن، يۇرتداشلار سىلەرمۇ ھەرىكەتكە كېلىڭلار!».

چىرايلىق، تېتىك تۇرسۇننىسا ياشلارنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان ئادىمى بولۇپ قالدى، كۆپچىلىك ۋۇ ۋېينى ئىزدەپ كېلىپ، ئىشقا ئورۇنلىنىشقا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ۋۇ ۋېي كۆپچىلىككە خىزمەت تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

«ئىشقا ئورۇنلىشىش كىرىم ئېلىپ كېلىپلا قالماي، تۇرسۇننىسانىڭ روھىنى پاكلىدى، ھازىر ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، ئىدىيەسى ئازاد بولدى، يانچۇقى پۇلغا تولدى، كاللىسىمۇ ئېچىلدى» دەپ باھا بەردى يېڭىسار ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئەگۈس يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شى يىڭچۈن.

### ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش

ھەممە كەنت ئاھالىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان ئەمەلىي شارائىتى يوق، بۇ كىشىلەر قانداق قىلىدۇ؟ ۋۇ ۋېي جەزمەن كۆپ يول ئارقىلىق ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىش كېرەك، دەپ قارىدى.

مۇخبىر كەنتتىكى ياغاچچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كەلگەندە، دەرۋازا چىڭ تاقاقلىق ئىدى. ئەجەبلىنىپ تۇرغاندا، ياغاچچى ھەسەن ئۆمەر ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى: «بۇ بىر نەچچە كۈندە مەركەزلىك ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى قىلىۋاتاتتۇق، بىز ھەممىمىز كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىدە باراڭ ياساۋاتىمىز.» ئۇ 2018 ـ يىلى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كېلىپ ئىشلىگەن، شۇ يىلى ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، «مېنىڭ كۆپرەك تېخنىكا ئۆگىنىپ كىرىمىمنى ئاشۇرغۇم بار».

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ يېنىدا قاتار ئۇن دۇكان بولۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۇششاق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن ھەقسىز تەمىنلەنگەن. سەمەدگۈل باتۇر ئاچقان كىچىك ئاشخانىدا مۇخبىر قاسقاننىڭ قۇرۇقلۇقىنى، چوڭ قازاننىڭمۇ قۇرۇقلۇقىنى كۆردى. «مانتا بىلەن پولۇنى چۈشتىلا سېتىپ بولدۇم، ھازىر لەڭمەن، راڭپىزا ۋە مەنپەر بار.» سەمەدگۈل: ئاشخانىنىڭ كۈندىلىك تىجارەت سوممىسى 300 يۈەن ئەتراپىدا، دېدى.

ئاشخانىنىڭ كىرىمىنىڭ مۇقىملىقىنى كۆرۈپ ۋۇ ۋېي خاتىرجەم بولدى. ئەمەلىيەتتە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەشكە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش يولى راۋان بولغانمۇ ئەمەس، ئۇن ئۇششاق كەسىپ ئىچىدە كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ۋە تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىلمىدى. ۋۇ ۋېي مۇنداق دېدى: قىلالمىغان ئىشلار ئۈستىدە يەنە چارە ـ ئامال تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، بىز كەنت ئاھالىسىنىڭ كەپتەر بېقىشقا مەدەت بەردۇق، كۆلەملەشمىگەچكە، ئۈنۈمى بەك ئاز كۆرۈلدى، يەنە داۋاملىق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ۋۇ ۋېينىڭ تىرىشىش يۆنىلىشى يەنە ئۆرۈك پىششىقلاش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش. يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىشى بىلەن بۇلتۇر ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بىر مېۋىچىلىك كارخانىسى بىلەن ھەمكارلىق ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەشتى، كەنت مەيدان قاتارلىق قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلىدى، كارخانا كەنتتە ماكانلاشتى، ھەر يىلى يىغىۋېلىنغان 140 توننىدىن ئارتۇق يېڭى ئۆرۈكنى ساتتى، پىششىقلىدى، ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. «سىرتتىكى يەر تۈزلىنىپ بولدى، زاۋۇت ئۆيى، ياتاق سېلىندى، سۇ، توكمۇ ئۇلاندى، يېڭىدىن ترانسفورماتور ئورنىتىلدى، كارخانا پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن توشۇپ كەلدى.» ۋۇ ۋېي بۇلارنى مۇخبىرغا بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتى.

گەرچە بۇ كەنت بۇلتۇر پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن چېكىنگەن كەنت بولسىمۇ، ئەمما ۋۇ ۋېي مۇستەھكەملەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بېسىمىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى، «قايتا نامراتلىشىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيمەن، كەنت ئاھالىلىرىگە ئىدىيەۋى سەپەرلىك خىزمىتىنىمۇ ئىزچىل ئىشلەش كېرەك».

بۇ كۈنلەردە ۋۇ ۋېينىڭ تېلېفونى ئۈزۈلمىدى، بۇ مېۋىچىلىك كارخانىسى بىلەن ئۈزۈلۈكسىز ئالاقىلىشىپ پىكىرلەشكەندىن سىرت، يەنە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ سوراپ، ئىدىيە يۆنىلىشىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئايىغىمۇ توختاپ قالمىدى — ئۆيمۇئۆي كىرىپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەرىكەتچان ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىپ ئېلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، 2020 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا فوندى بىرتۇتاش غەملىنىدىغان ھەرقايسى رايونلارنىڭ فوندىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، فوند كىرىم ـ چىقىمىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەڭپۇڭلۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىغا قارىتا يېرىمىنى كېمەيتىپ ئېلىشنى يولغا قويۇش، كېمەيتىپ ئېلىش مۇددىتىنى بەش ئايدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى ئايدىڭلاشتۇردى. پرىنسىپ جەھەتتە، بىرتۇتاش غەملىنىدىغان فوندىنىڭ جەمئىي قالدۇقىنى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئاي سانى ئالتە ئايدىن كۆپ بولغان ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا فوندى بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايونلاردا كېمەيتىپ ئېلىشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ سىياسەت سۇغۇرتىغا قاتناشقان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئورۇنغا چېتىلىدىكەن، ھەق تاپشۇرغۇچىلار 4 مىليون 600 مىڭدىن ئاشىدىكەن، ناۋادا ئەڭ ئۇزاق مۇددەت چېكى بولغان بەش ئاي بويىچە كېمەيتىپ ئېلىش يولغا قويۇلسا، مۆلچەرلىنىشچە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ھەققى 3 مىليارد 641 مىليون يۈەن كېمەيتىپ ئېلىنىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى بىرتۇتاش غەملەش فوندىنىڭ كېمەيتىپ ئېلىش سىياسىتىنى تىرەك قىلىش ئىقتىدارى بار، كېمەيتىپ ئېلىش ۋە كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى يولغا قويۇش سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ شۇ مەزگىللىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، كۆچمە داۋالاش ئەترىتىنىڭ نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتى ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز، بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ دىياگنوز قويۇشتا قىيىنچىلىقى بار تۆۋەندىكى ئاممىدىن ئىبارەت: خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بېكىتكەن تۆۋەن كاپالەتتىن بەھرىلىنىدىغان ياشانغانلار، ئۆيىدە قالغان ياشانغانلار، تارقاق بېقىلىۋاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلار، يېزىلاردىكى ئائىلىدە قالغان بالىلار، قىيىن ئەھۋالدا قالغان بالىلار قاتارلىقلار؛ مېيىپلەر بىرلەشمىسى بېكىتكەن ئۆز ئالدىغا نوپۇس تۇرغۇزغان مېيىپلەر، ئېغىر مېيىپلەر؛ سەھىيە ـ ساغلاملىق مەمۇرىي تارماقلىرى بېكىتكەن ئۆيىدە داۋالىنىۋاتقان روھىي كېسەل ئاغرىقلىرى، ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز ئېغىر كېسەل، چوڭ كېسەل ئاغرىقلىرى؛ نامراتلارنى يۆلەش تارماقلىرى بېكىتكەن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلەنگەن نامرات ئائىلىلەر، ئاسان قايتا نامراتلىشىپ كېتىدىغان، نامراتلىشىپ كېتىدىغان كىشىلەر؛ يۇقۇم مەزگىلىدە قارىغۇچىسىز قالغان بالىلار، ئوقۇغۇچىلار.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك ھەر تۈرلۈك داۋالاش ئاپپاراتلىرى نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ جىددىي داۋالاش، ئامبۇلاتورىيە، دوختۇرخانىدا يېتىش مۇلازىمىتىنى، بولۇپمۇ جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر، چوڭ كېسەل ئاغرىقلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك، داۋالاش ئاپپاراتلىرى مەخسۇس دوختۇر يېتەكچىسى مۇلازىمىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېسەل كۆرسىتىش، تەكشۈرۈش، دوختۇرخانىدا يېتىشنى ساقلاش ۋاقتىنى قىسقارتىشى كېرەك. ئۈندىدار، تور مۇلازىمىتىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ھەتتا 120نى چاقىرىشنى بىلمەيدىغان، تېلېفوندا ئالدىن كېلىشىشنى بىلمەيدىغان قىيىنچىلىقى بار ئاغرىقلارغا قارىتا، داۋالاش ئاپپاراتلىرى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ، تۇنجى دىياگنوز قويۇش بۆلۈمى، باش دىياگنوز قويۇش بۆلۈمى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر ۋاقىت زىيارەت قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۆچمە داۋالاش ئەترىتىنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ بەلگىلەنگەن كېلىشىم باشقۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ۋاقتىدا راسچوت قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆچمە داۋالاش ئەترىتى نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىغا ئامبۇلاتورىيە داۋالاش مۇلازىمىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايون ئامبۇلاتورىيە كاپالەتلىك سىياسىتى بويىچە راسچوت قىلىشى؛ ئامبۇلاتورىيە تەمىنلىگەن ئالاھىدە ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل مۇلازىمىتىنى بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايون ئامبۇلاتورىيە ئالاھىدە ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل كاپالىتى سىياسىتى بويىچە راسچوت قىلىشى؛ نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرى ئائىلە دوختۇرى كېلىشىمى ئىمزالىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمزالىغان مۇلازىمەت تۈرىنى ئائىلە دوختۇرى ئىمزالاش كوللېكتىپى تەمىنلىشى؛ نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ شەكىللەنگەن داۋالىنىش چىقىمى بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايوننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پەرۋىش سۇغۇرتىسى دائىرىسىگە تەۋە بولسا، بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايوننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پەرۋىش سۇغۇرتىسىغا ئالاقىدار سىياسەتلەر بويىچە ئاتچوت قىلىشى كېرەك.

ئىگىلىنىشچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون «ۋىراچ + پەرۋىشچى + داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىزمەتچى خادىملىرى» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، جەمئىي 1368 كۆچمە داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆيگىچە بېرىپ داۋالىغان، دورا يەتكۈزگەن، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى يەتكۈزگەن، جەمئىي 669 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم ئاممىغا مۇلازىمەت قىلغان.

---

ئاپتونوم رايونلۇق سابىق دېھقانچىلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر

## ئەكبەر غوپۇر ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغاچقا پارتىيەدىن قوغلاندى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق سابىق دېھقانچىلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر ئەكبەر غوپۇرنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشچە، ئەكبەر غوپۇر غايە ـ ئېتىقادىنى يوقاتقان، قىلچە سىياسىي ئېڭى، پارتىيەۋىلىك پرىنسىپى يوق، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارشىلاشقان، دەلىل ـ ئىسپاتنى تىل بىرىكتۈرۈپ ئويدۇرۇپ چىقارغان، يۆتكىگەن، يوشۇرغان؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى ئادىل ئىجرا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلغان؛ شەخسكە ئالاقىدار ئىشلارنى ئەيىنەن دوكلات قىلمىغان، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش ـ تەيىنلەش داۋامىدا باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگەن ھەم مال ـ مۈلۈكنى قوبۇل قىلغان؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت قىلماي ئىش ھەققىگە ئېرىشىشىگە سۈكۈت قىلغان، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى ئارىيەت ئالغان، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا پايدا ئېلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ پايدا ئالغان، خىزمەت ھوقۇقى ياكى ۋەزىپىسىدىكى تەسىردىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن، تۇرالغۇ تەقسىم قىلىش، ئۆي سېتىۋېلىش جەريانىدا دۆلەت مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەن، ئۆزى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆزلىرى تۆلەشكە تېگىشلىك خىراجەتنى باشقا ئورۇنغا تۆلەتكۈزگەن؛ نەپسى يوغىناپ كەتكەن، ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھە دەپ قوبۇل قىلغان.

ئەكبەر غوپۇر پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ھەم خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا چېتىشلىق جىنايەت شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ نەپسىنى يىغمىغان، قولنى تارتمىغان، خاراكتېرى قەبىھ، قىلمىشى ئېغىر بولغاچقا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ئەكبەر غوپۇرغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئۇ بەھرىمەن بولىدىغان تەمىناتنى بەلگىلىمە بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال ـ مۈلكىنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.

---

بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى

## داڭ فېڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغاچقا، پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى داڭ فېڭنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشچە، داڭ فېڭ غايە ـ ئېتىقادىنى يوقاتقان، «تۆت ئاڭ»نىڭ ھېچقايسىسىنى ھازىرلىمىغان، ئۇزاق مەزگىل خۇراپاتلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارشىلاشقان، ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى يۆتكىۋەتكەن، يوشۇرغان؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئادىل ئىجرا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل، ئىستېمال كارتىسى قوبۇل قىلغان؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا پېيى بازارغا سېلىنمىغان شىركەتنىڭ پېيىغا ئىگە بولغان، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا پايدا ئېلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ باشقىلار بىلەن كۆپ قېتىم نامۇۋاپىق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن؛ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۇتۇۋالغان، زور سومملىق مال ـ مۈلۈكنى قوبۇل قىلغان.

داڭ فېڭ پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامى، تۇرمۇش ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ھەم خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا چېتىشلىق جىنايەت شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ يەنىلا نەپسىنى يىغمىغان، قولنى تارتمىغان، خاراكتېرى ئېغىر، تەسىرى قەبىھ بولغاچقا، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، داڭ فېڭغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىش؛ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال ـ مۈلكىنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.